# رۇيائيلار



شنجاڭ خەلق نەشرياتى

2

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇسەمەت خېلىل

# رۇبائىلار



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

### مۇقەددىمە

ئەللىككە ئۇلاشتىم باشقا قوندى ئاق ،
ئالدىم مەن تۇرمۇشتىن ئۇنتۇلماس ساۋاق .
سۇناي دەپ خەلقىمگە يادىكارىمنى
ئىجادىم بابىدىن ئۆرۈدۈم ۋاراق .

www.uyghurkitap.com

## رۇبائىيلار

ۋەتەن مېھرىڭ بىر ئەزىم دەريا ،
ئۇندا ئۈزگەن بېلىقمەن گويا .
ئۈستۈم مۇنبەت قۇچىقىڭدا مەن ،
چىمدىم تۇپاڭ ماڭا تۇتىيا .

※ ※

ۋەتىنىم سېنى سۆيگىنىم — سۆيگەن ،
ئىشقىڭدا ئوتتەك كۆيگىنىم — كۆيگەن .
ئۇنتۇسام مېھىر — شەپقەتلىرىڭنى ،
ھايات تۇرسامۇ ئۆلگىنىم — ئۆلگەن .

※ ※

ھەرىمۇ ئۇۋىسىدىن كېتەلمەس نېرى .
ھەر جانغا قەدىرلىك تۇغۇلغان يېرى .
بەختىيار سانايمەن ئۆزۈمنى مەڭگۈ ،
بولسام ئۆز يۇرتۇمدا ئەلنىڭ چاكىرى .

※ ※

مەرتىۋە تېپىپ ياتنىڭ يۇرتىدا ،
چىقساڭمۇ كۆككە ئالتۇن شوتىدا .
كۆيەر ئۆرتىنىپ يۈرىكىڭ ھامان ،
ئەزىز يۇرتۇڭنىڭ ئىشقى ئوتىدا .



ئۆستۈردى مېنى ئانا ۋەتىنىم ،
ئۇنىڭغا تۇتاش ۋۇجۇدۇم — تېنىم .
ئۇنىڭسىز ماڭا يوقتۇر نىجادلىق ،
ئۇنىڭسىز ئاقماس تومۇردا قېنىم .

※ ※

ئايرىلالمايمەن ئەزىز ۋەتەندىن ،
جېنىم چىقسىمۇ ھەتتاكى تەندىن .
ئۆلگىنىم ياخشى دۇنيادا ، ھىجران —
قايغۇسى بىلەن تىرىك يۈرگەندىن .

※ ※

ۋەتىنىم — ئانا مەن سۈت بەرگەن ئاپئاق ،
سەن بىلەن ھاياتىم ئۆتمەكتە پارلاق .
سېزىمەن ئۆزۈمنى سەندىن ئايرىلسام ،
دەريادىن ئايرىلغان بېلىقتەك چاڭقاق .

※ ※

ۋەتەن ! سەندىن كۆپتۇر ئالغىنىم ،
ۋە لېكىن ئاز ساڭا بەرگىنىم .
زارلانمايمەن كەتسىمۇ بۇ جان ،
شەرەپ سەن ئۈچۈن تاغ كۆتەرگىنىم

ۋەتەن ئىشقىڭ ماڭا كۈچ — دەرمان،
قۇچىقىڭدا ئەيلەيمەن جەۋلان.
تۆھپەم بىلەن كۆلدۈرسەم سېنى،
يۈرىكىمدە قالغاي نە ئارمان.

※ ※

كېچەلەيمەن ۋەسلىم — بارىمدىن،
كېچەلەيمەن ئۆز دىيارىمدىن.
كۆككۈم تالقان بولسامۇ ئەگەر،
يانمايمەن ھېچ شۇ قارارىمدىن.

※ ※

ۋەتەن سۆيەر كىشى تائەبەد،
دىيارىغا باغلار مۇھەببەت.
بەرسىمۇ ياۋ ئاڭا ئالتۇن تاج،
سېتىلماس ھەم قىلماس ئىنائەت.

※ ※

كىمكى ۋەتەندىن ئۆرۈپ يۈزنى،
ياتنىڭ قوينىغا ئاتسا ئۆزنى؛
ئاقىۋەت ئۇنى باسىدۇ خەتەر،
قۇزغۇن چوقۇيدۇ ئۇنىڭ كۆزنى.



ۋەتىنىم خەلقىڭ، باتۇر، ھىممەتلىك،
قۇچىقىڭ كەڭرى نازۇ نېمەتلىك.
سېنىڭدە ئۆسكەن ھەر بىر تال گىياھ،
گۆھەردىن ئېسىل قەدىر — قىممەتلىك.

※ ※

ۋەتەندىن ئايرىلساڭ چېكەرسەن ھەسرەت،
تۇيۇلار يات يۇرتنىڭ راھىتى كۈلپەت.
ئەزىز بىل جېنىڭدىن ئۆز دىيارىڭنى،
تارتساڭمۇ ئۇندا سەن جەبرى — مۇشەققەت.

※ ※

ۋەتەنگە سادىق ئوغلانىمەن ئۆزۈم،
ۋەتىنىم ئامان، سارغايماس يۈزۈم.
بەرگەن تۇزىنى ئاقلىماي تۇرۇپ،
ئۆلسەم قانداقمۇ يۇمۇلسۇن كۆزۈم؟

※ ※

ئانا ئەجرىدىن چوڭ بولار بوۋاق،
ھەر تامچە سۈتى كۈچ بېرەر ئۇزاق.
ۋە لېكىن ئادا قىلالماس پەرزەنت
ئانا قەرزىنى ئەر تۆكسە شۇنداق.

www.uyghurkitap.com

دۇنياغا بىر كېلىپ كېتىدۇ ئادەم ،
ئادەمنى ئۆزىتىپ قويىدۇ ئالەم .
مەيلى ئۇ شاھ بولسۇن ۋەياكى گاداي ،
بېشى توي ، ئاخىرى بولىدۇ ماتەم .

※ ※

ئەقىللىق كېلۇر ئىنسان بالىسى ،
لېكىن ئىچىدە ئۇنىڭ ئالىسى .
تەبەسسۇم قىلسا خۇشخۇيكەن دېمە ،
ھوشيار بول ، باشنى يارار قامچىسى .

※ ※

چىن ئىنسان نام — شۆھرەت قوغلاشماس ھەرگىز ،
ئەل بىدار ۋاقتىدا ئۇخلىماس ھەرگىز .
يەپ ئەلنىڭ غېمىنى پىدا قىلار جان ،
زەر ، پۇلغا ۋىجداننى بۇلغىماس ھەرگىز .

※ ※

تىرىشچان ئادەم قىلماس قانائەت ،
ياشار كۆرسىتىپ ئەلگە ماھارەت .
ئەجىر — تەرىدىن يارىتىپ تۆھپە ،
ئەلدە مەڭگۈلۈك تاپار سائادەت .



ئەقىللىك ئىنسان ئويلاپ ئىش قىلار ،
تۆھپىسى بىلەن ئەلنى خۇش قىلار .
ئەقىلسىز ئىنسان يازنى قىش قىلار ،
لاي سۇنى شەربەت دەپ ئۆزىنى خۇش قىلار .

※ ※

ئالدىڭدا سېنى ماختىغان ئىنسان ،
كەينىڭدە سەندىن ئىزدەيدۇ نۇقسان .
ئۇنىڭدىن جەزمەن بولماسلىق ھوشيار ،
قىلار سېنى ئۇ يەر بىلەن يەكسان .

※ ※

« خۇش » دەپ تۇرسىلا ياۋاشكەن دېمە ،
كۈلۈپ قويسىلا ئاداشكەن دېمە .
چۈشەنمەك ئاسان ئەمەس ئادەمنى ،
سۆزىگە قاراپ سىرداشكەن دېمە .

※ ※

ئۆمۈر چەكلىك ، بەك قىسقىدۇر ھەم ،
ھېچكىمگە باقىي ئەمەس بۇ ئالەم .
ئەلگە تۆھپە قالدۇراي دېسەڭ ،
تىرىكلىكتە تىرىش ھەي ئادەم .

قىلمايدۇ تەمە ئىنساپلىق ئادەم ،
نائىنساپ يېمەس دوست — يار ئۈچۈن غەم .
ئىنساپ ئىنساننىڭ خىسلىتى — قەدرى ،
ئىنساپ يوقالسا بۇزۇلار ئادەم .

※ ※

ئەلگە دىلىڭدىن باغلا ئىشتىياق ،
ئەل بىلەن ئۆتكىن مەڭگۇ ئىتتىپاق .
توپتىن ئايرىلغان بۆرىگە يەمدۇر ،
سەن بۇ مىسالدىن ئالغىن بىر ساۋاق .

※ ※

ئىناقسىزلىق ئەڭ ناچار ئىللەت ،
كەلتۈرەر ئۇ خارلىق ۋە كۈلپەت .
گەر بولمىساق ئۇيۇلتاش كەبى ،
قانداق راۋاج تاپار ئەل — مىللەت ؟ !

※ ※

سۈنئىيلىك ئالغان ياسالما ھۆرمەت ،
كىشىلەر قەلبىدە قوزغايدۇ نەپرەت .
دوست ئەمەس ئالدىڭدا كۈلۈپ ، خۇشپىيانە ،
ئىرناقتىن كىرئىزدەپ قىلغۇچى ھەرىكەت .



بەزىلەر دوست بولار پۇلۇڭغا سېنىڭ ،
قارايدۇ ھەر قاچان قولۇڭغا سېنىڭ .
مۇبادا سېنىڭدىن تەگمەي قالسا نەپ ،
تۇزاقلار قۇرىدۇ يولۇڭغا سېنىڭ .

※ ※

دوستئەمەس دوستلۇقنى نەپكە باغلىغان ،
غەيرىي بىرئوي بىلەن ئېغىز ياغلىغان .
ئۆزىنى گۆھەردەك ئەتىۋار ساناپ ،
ئۆزگىنى كەمسىتىپ خەستەك چاغلىغان .

※ ※

كېيىك ياتماپتۇ ئىشەنگەن تاغدا ،
بۇنى ئەستە تۇت يايرىغان چاغدا .
سىنماي تۇرۇپ تۇتقان دوستلىرىڭ ،
ئاتتىن چۈشۈرۈپ قالدۇرار داغدا .

※ ※

ئىناقسىزلىق دىلنى قىلار چاك ،
ئاڭا ھەرگىز ئاچمىغىن كاۋاك .
ئېچىلدۇرساڭ دوستلۇق گۈلىنى ،
شەنىگە ئەل ياغدۇرار چاۋاك .

قۇم يىغىلىپ بولۇر دۆۋە — غول ،
تامچىلاردىن ھاسىل بولۇر كۆل .
كۆرەش قىلساق بولۇپ بىر گەۋدە ،
گۈلىستانغا ئايلانغۇسى چۆل .

※ ※

ئادەمدىن ئادەم قاچمىغان ياخشى ،
بىر — بىرىگە ئوت ئاچمىغان ياخشى .
دوستلۇق بېغىغا پىتنە — ئاداۋەت ،
ئۇرۇقلىرىنى چاچمىغان ياخشى .

※ ※

بىلىملىك بولساڭ تاپارسەن راۋاج ،
چۈشۈر ساڭا ھاجەت — ئېھتىياج .
ئەجىر — مېھنەتتىن يىغساڭ زەر — بايلىق ،
ياۋغا ،نامەردكە بولمايسەن موھتاج .

※ ※

بىلىمگە ئىنتىل ، ئۆگەن تىرىشىپ ،
مۈشكۈل ئالدىدا كەتمە بوشىشىپ .
يېتىمەن دېسەڭ كۆزلىگەن يەرگە ،
ماڭغىن ئېرىنمەي تاغ — داۋان ئېشىپ .



بىلگىنىڭنى ئەۋلادقا ئۆگەت ،
بىلىم ئەھلىگە خاس بۇ پەزىلەت .
بىلمىگىنىڭنى بىلگەندىن سورا ،
قانچىلىك بىلسەڭ شۇنچىلىك ئىشلەت .

※ ※

ئەقىل تاپساڭ ئىلمۇ ئىرپاندىن ،
ھايات يولۇڭ كەڭ بولۇر ئاندىن .
ئۆز ئەجرىڭدىن ئىزدە بەختىڭنى ،
كۈتمە ئۇنى ئۆزگە ئىنساندىن .

※ ※

ئىلىم — پەن ئۆگەن ، يولدىن ئاداشما ،
مەرتىۋە ياكى ھوقۇق تالاشما .
ياخشىغا يۆلەك بول ،يامانغا يامان ،
نالايىق ئىشلارغا ھەرگىز بولۇشما .

※ ※

ھەر قەدەم باسساڭ يىراقنى كۆزلە ،
ئەۋلادقا ئىلىم ، ئەخلاقنى سۆزلە .
ھەقىقەت ئۈچۈن جان پىدا ئەيلەپ ،
شۇ يولدا جەڭ قىل ، ناھەقنى تۈزلە .

باغۋەننىڭ ئەجرىسىز ياشناس كۆچەت ،
دېھقاننىڭ تەرىسىز ئۈنمەس زىرائەت .
قىلالماس ھېچ كىشى مۇشكۇلنى ئاسان ،
ئۇستازدىن ئۆگەنمەي ئىلىم — مەرىپەت .

※ ※

ئۇستازدۇر جاپاكەش ئىنساننىڭ ئۆزى ،
تىكلەر نۇرانە ئىقبالغا كۆزى .
بوغۇنلار قەلبىنى يورۇتار كۈندەك ،
مۇنبەردە سۆزلىگەن تەلىمى — سۆزى .

※ ※

بولغاچقا ئۇستازدا بىباھا خىسلەت ،
قىلمايدۇ ئۇ ھەرگىز ئەجرىنى مىننەت .
يۈرىكى سوقۇشتىن توختىسىمۇ گەر ،
تۆھپىسى گۆھەردەك چاقنايدۇ ئەبەد .

※ ※

مۇئەللىم ياشنىتار غۇنچە — پورەكنى ،
كۆڭۈلگە پۈككەچكە ئالىي تىلەكنى .
قاندۇرار ئىلىم — پەن كەۋسىرى بىلەن ،
بىلىمگە ئىنتىزار سانسىز يۈرەكنى .

مۇئەللىم ئىنساننىڭ غۇرۇرى — پەخرى ،
دىللاردا يۈكسەكتۇر ھۆرمىتى — قەدرى .
ئۆلچىسەڭ تاغدىنمۇ ئېغىر سالمىقى ،
ۋەتەنگە يەتكۈزگەن مېھنىتى — ئەجرى .

※ ※

ئۇستازنىڭ كۆڭلى كەڭ ، بىغۇبار ، ئاپئاق ،
خالىسلىق ئاڭا يار ، تەمەدىن يىراق .
تىلىكى ئەۋلادقا شوتا بولۇشتۇر ،
ئىزدىمەس ئەزەلدىن نام — شۆھرەت ، ئاتاق .

※ ※

مۇئەللىم ئەۋلادنى كۆزلەيدۇ ئەبەد ،
ئۆگىتەر بېرىلىپ ئىلىم — مەرىپەت .
شاگىرتى ئۆزىدىن كەتسە گەر ئېشىپ ،
شادلىنىپ ئۆزىنى تۇتالماس پەقەت .

※ ※

مەن ئۈچۈن ئانىدەك ئۇلۇغ مۇئەللىم ،
چۈنكى ئۇ ئۆگەتكەن ماڭا پەن — بىلىم .
خۇشالمەن ، ھاياتىم ئۆتسە مەنىلىك ،
ئۇستازنىڭ ئەجرىدىن سۇ ئىچىپ دىلىم .

ئالىم كۆز يۇمسا يىغلايدۇ جاھان،
زالىم يوقالسا كۈلىدۇ ھەر جان.
ئالىمنى ئەستىن چىقارماس ئىنسان،
زالىمغا نەپرەت ئوقۇپ ھەر قاچان.

※ ※

چۆكۈپ خىيالغا يازىمەن شېئىر،
مىسراغا زىننەت بېرىدۇ پىكىر.
بىرلا بولغاچقا دىلىم ۋە تىلىم،
ئىجادىمغا يات، ھىيلە ۋە مىكىر.

※ ※

ئىجاد ئۈچۈن ئىزلىسەك ئىلھام،
ئىش قوينىغا يېتىپ بار ئىلدام.
دىلدىن ئۇرغۇغان شاد ناخشاڭ بىلەن،
دۈشمەننى يىغلات، دوستقا بەر ئارام.

※ ※

ھەقنى كۈيلىگەن بىر كۇبلىت قوشاق،
ياشار ئالەمدە قۇياشتەك ئۇزاق.
ئۇنىڭ يالقۇنى ئىللىتار ئەلنى،
رەزىللىك ئۈچۈن بولۇپ بىر دوزاق.



شائىر ئەل بىلەن بولسا بىر تىلەك،
ئېچىلدۇرغۇسى ئىجادتىن چېچەك.
شېئىرلىرىنىڭ يارقىن نۇرىدىن —
مىليون دىللاردا پارلار كېلەچەك.

※ ※

ئىجادىم تۇزۇماس گۈل بولۇپ ھەر ۋاق،
ئېلىمگە ئەنبەردەك چاچسا خۇش پۇراق.
ئارزۇيۇم چېچەكلەپ ئۆمرۈم بېغىدا،
شادلىقىم تاشاتتى بولۇپ بىر بۇلاق.

※ ※

ۋىجدانلىق ئايال قىممەتلىك بولۇر،
كۆڭۈل تۆرىدە ئىززەتلىك بولۇر.
بەرىكەتلىك، تالماس ئىشچان قولىدا،
ئۆيۈڭ چىرايلىق زىننەتلىك بولۇر.

※ ※

شەرمى — ھايالىق بولسا ئايالىڭ،
سامان بولمايدۇ رەڭگى — رۇخسارىڭ.
تۇرمۇش خاتىرجەم، ئۆتسە كۆڭۈللۈك،
چېچەكلەر گۈلدەك ئۆمۈر باھارىڭ.

ئۆينىڭ گۈلىدۇر ۋاپادار ئايال ،
ئۇ بىلەن كۈنلەر ئۆتىدۇ خۇشال .
ئۇنىڭسىز كۆڭلۈڭ ئاپالماس لەززەت ،
ئۇنىڭسىز ئۆيۈڭ دوزاقتۇر ، مىسال .

※ ※

بىۋاپاغا سەن قىلمىغىن ھەۋەس ،
بولساڭ بىر ئۆيدە باسار سېنى نەس .
باغلايدۇ مىكىر زەنجىرى بىلەن ،
ئۇنىڭدىن مەڭگۈ قۇتۇلمىقىڭ تەس .

※ ※

ئەرنى ئەر قىلغان ئايال بەختىيار ،
ئەرنى يەر قىلغان ئايال خاكىزار .
روناق تاپماس ئەر ئايالنى خارلاپ ،
ئايال قەدرىگە يەتكەن بەختىيار .

※ ※

قەلبى پاك قىز ۋىجدانىنى سۆيەر ،
ئالدىيالماس ئۇنى ئالتۇن — زەر .
شۇنداق ساپ دىل گۈزەل رەنادىن ،
كەچمەس ھەرگىز ساداقەتلىك ئەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەجنۇننىڭ كۆزى بولمىسا ئەگەر،
لەيلىنى كۆرۈش بولماس مۇيەسسەر.
مۇھەببەت ئۇچۇن چىراي بىر كېرەك،
چىراينى سۆيگۈ نۇرى گۈل ئېتەر.

※ ※

بەگباشلىقنى قىلساڭ ئىختىيار،
چۆلگە تاشلاپ قىلار سېنى خار.
نەپرەت تېشى يېغىپ بېشىڭغا،
قولۇڭ ئەمەس شوخ كۆڭلۈڭ سۇنار.

※ ※

ئىنسانىنىڭ زىننىتى — گۈلى ئەخلاقتۇر،
مەنلىك ياشاشنىڭ يولى ئەخلاقتۇر.
پەس ئارزۇ — ھەۋەسنى قىلمىغىن خىيال،
ھاياتنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى ئەخلاقتۇر.

※ ※

ئەخلاقسىز كىشىدە يوقتۇر پەزىلەت،
ئۇنداقلار بەئەينى يەردىكى ئەخلەت.
سەنمۇ شۇ ئەخلەتكە قالسەن ئوخشاپ،
بىھايا ئادەمدىن ئالمساڭ ئىبرەت.

بىراۋغا ھەرگىز قىلما يامانلىق ،
ئۆلسە ئۇ ساڭا تەگمەس سامانلىق .
كەڭرى يول ئاچساڭ ئامانلىق ئۈچۈن ،
ھەر كىم تىلەيدۇ ساڭا ئامانلىق .

※ ※

قولۇڭدىن كەلگەنچە قىل ھامان ھىممەت ،
ئارقىدىن ئۇنى قىلمىغىن مىننەت .
چۈنكى ئىنساننىڭ قەدىر — قىممىتى ،
خالىس ئىش بىلەن ئۆلچىنەر پەقەت .

※ ※

ئەلگە يامانلىق قىلساڭ كۆز بوياپ ،
ئەل كەچۈرمەيدۇ ، بىرىسەن جاۋاب .
جاپاغا چىداپ قىلساڭ ياخشىلىق ،
تىكلەيدۇ مۇنار ئەل ساڭا ئاتاپ .

※ ※

بىراۋغا بىھۇدە قىلساڭ يامانلىق ،
كەلتۈرەر ئۇۋالى ساڭا زىيانلىق .
كىشىنىڭ قىلغىنى كىشىدە قالماس ،
ياخشىلىق — كەرەمقىل ئەلگە داۋاملىق .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرىسى

بىر ياخشىلىق ، يامانلىق پەقەت ،
ئۇنتۇلمايدۇ ئەبەدىلئەبەت .
ياخشىلاردىن سۆيۈنسە يۈرەك ،
يامانلارغا ئوقۇيدۇ نەپرەت .

※ ※

سەن ئاددىي چاغلىما ۋىجدان ئىشىنى ،
سىنار ئۇ مۈشكۈلدە ھەر بىر كىشىنى .
چىن ئىنسان ھەق ئۈچۈن جاندىن كېچەركى ،
نامەردلەر ئالدىدا ئەگمەس بېشىنى .

※ ※

بەزىلەر ياشايدۇ ۋىجدانى بۇلغاپ ،
قىلمايدۇ ھېچقاچان نومۇس ۋە ئىنساپ .
ئۇنداقلار ئەقلىنى تاپمىسا ئەگەر ،
پۇشايمان ئىلكىدە قالىدۇ ئىگراپ .

※ ※

ئۆتسەڭ ۋىجدانىڭ ئىمتىھانىدىن ،
ئۆزۈڭنى چىن ئىنسان دېگەيسەن ئاندىن .
بولمىسا ئەگەر سەندە پاك ۋىجدان ،
قانداقمۇ پەرقىڭ بولسۇن ھايۋاندىن .

بەزىلەر ۋىجدان دەپ ئايرىلار جاندىن ،
بەزىلەر جاننى دەپ كېچەر ۋىجداندىن .
تومۇستۇر جاننى دەپ ۋىجداننى سېتىش ،
ھەر بالا كېلىدۇ ئۇنداق ئىنساندىن .

※ ※

ۋىجدان ھەققىدە ئېچىلغاندا گەپ ،
سۆزلىدىڭ ئەلنى ئىنساپقا ئۇندەپ .
لېكىن ۋىجداننى بۇلغىدىڭ دوستۇم ،
ئەلنى ئۇنتۇپ نەپسىڭنى كۆزلەپ .

※ ※

مەردلىك ،باتۇرلۇق ۋىجدان بەلگىسى ،
نامەردلىك قىلماس ۋىجدان ئىگىسى .
ۋىجدان مۇلكىڭنى قوغدا ئەي كۆڭۈل ،
ھەر ئىشتا تەييار ئۇنىڭ ئوغرىسى .

※ ※

ۋىجدان ئازابى ئۆلۈمدىن يامان ،
ۋىجدانلىقلارغا بۇ شۇنداق ھامان .
قىلچە ھېس قىلماس مۇنداق ئازابنى ،
شادلىنار بەلكى ۋىجدانسىز ئىنسان .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

مەرد بولساڭ قەددىڭنى تىك تۇتۇپ ھامان ،
ھەر ئىشتا مەردلىكنى قىلغىن نامايان .
ياۋ قىلىچ ئۇرسىمۇ ئەگمە بېشىڭنى ،
غۇرۇرنى كۈچ قىلىپ ، ۋىجداننى قالقان .

※ ※

مەردلەر ۋەدىگە قىلىدۇ ئەمەل ،
دوستلار ئىشىغا قارىمايدۇ سەل .
قىلغان ئەھدىدىن يانمايدۇ ھەرگىز ،
رازى شۇ يولدا تۆلەشكە بەدەل .

※ ※

مەرد بىلەن بىللە بولساڭ سەپەردە ،
بولغاي يار — يۆلەك مۇشكۈل — خەتەردە .
ئۆلۈم غارىغا تاشلايدۇ سېنى ،
نامەردكە ھەمراھ بولساڭ ئەگەردە .

※ ※

ۋاپاغا مەڭگۈ ۋاپا قىلار مەرد ،
شۇ يولدا ئاڭا كەلسىمۇ مىڭ دەرد .
ۋاپاغا جاپا قىلار ھەر قاچان ،
چېقىپ ئاش بەرگەن قازاننى نامەرد .

زەھەردۇرنامەردنىڭ «قەنت»دەپبەرگىنى ،
شۇملۇقنىڭ بەلگىسى ئۇنىڭ كۈلگىنى .
كىمكى نامەردكە ئالدانسا ئەگەر ،
ئۇ تىرىك يۇرسىمۇ شۇدۇر ئۆلگىنى .

※ ※

بىلدىمكى نامەردنىڭ ئىچى كىلۇر تار ،
قەلبىدەيوق ئۇنىڭ قىلچە نومۇس — ئار .
بولىدۇ ئاقىۋەت ئۇنداق كىشىنىڭ ،
ئۆزى ئۇگۈل ھەتتا ئۆلۈكىمۇ خار .

※ ※

نامەردلەر ھەر قاچان بولۇپكۆز ،قۇلاق ،
باخشىلار يولىغا قۇرىدۇ تۇزاق .
خەتەرگە يولۇقۇپ بولىسەن ھالاك ،
ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى تارتىساڭيىراق .

※ ※

بولساڭمۇ دوستۇم بىر سىنىتقا زار ،
نامەردكە ھەرگىز بولما قەرزدار .
تۇتۇلساڭ ئاڭا ،تار يەردە قىستاپ ،
قىلار ئۇ سىنى ھاياتىن بىزار .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نامەردكە سىر بېرىپ بولمىغىن نادان ،
گەپ ئېلىپ ئالداشتىن قايتماس ھېچقاچان .
ئالدىڭدا تۈلكىدەك ھىجايغان بىلەن ،
كەينىڭدە ئىت كەبى غاجار ئۇستىخان .

※ ※

نامەردلەر ئالدىدا تىز پۈكمە پەقەت ،
كەلمەيدۇ ئۇنىڭدىن قىلچىلىك شەپقەت .
قەھرىڭنى ئوق قىلىپ ئاتقىن ئۇنىڭغا ،
ياغدۇرۇپ كۆزۈڭدىن ھەر قاچان نەپرەت .

※ ※

مەردلەر ھاياتنى سۆيۈپ ئۆتەركەن ،
ئەل – يۇرتنى دىلغا پۈكۈپ ئۆتەركەن .
نامەرد ياشىسا قىلىپ پەسكەشلىك ،
مەردلەر ھەقنى دەپ ئۆلۈپ كېتەركەن .

※ ※

ۋاقىت يانمايدۇ ھەرگىز كەينىگە ،
قويۇۋەتمىگىن ئۇنى مەيلىگە .
تولدۇرۇش قىيىن قالغان بوشلۇقنى ،
بۈگۈنكى ئىشنى قويساڭ ئەتىگە .

مەرتۋەك تاغدەك ئۆسسمۇ ئەگەر ،
بولغىن تېخمۇ سەممي ، كەمتەر .
خۇدۇگنى بىلمەي ماختىنىپ يۈرسەك ،
باسىدۇ ئاخىر سېنى خەۋپ — خەتەر .

※ ※

مويسىپىت ، چوگلارنى كۆرسەڭ سالام بەر ،
كىچىكنى ئىززەتلە ، بولما تەمەگەر .
ھۆرمەتكە سازاۋەر بولمەن دېسەڭ ،
ھەممنى بىر كۆزدە كۆرگىن باراۋەر .

※ ※

دوستۇم بىشىك كۆككە يەتسە گەر ،
ماختىنىشتىن ئەيلىگىن ھەزەر .
ماختار سېنى ھۆرمەت بىلەن ئەل ،
چاكرى بولساڭ خەلقىڭ كەمتەر .

※ ※

مەينىڭ سورۇنى ، سۆھبىتى كۆپتۈر ،
ئۇنىڭ دوستلىرى ، ئۇلپىتى كۆپتۈر .
قالسا قوشۇلۇپ ئەسكىدىن بىرى ،
خۇشلۇقتىن كۆرە كۈلپىتى كۆپتۈر .

نامەرد مەي تۇتسا ئەيلىگىن ھەزەر ،
ئۇنىڭ تۇتقىنى مەي ئەمەس زەھەر .
دوستۇم بۇ سۆزگە قىلمىساڭ ئىشەنچ ،
ئۇ تۇتقان مەينى ئىچىپ باق ئەگەر . . .

※ ※

مەينى ئەزەلدىن كۆرىسەن يامان ،
مەي ئىچكەنلەردىن قىلىسەن گۇمان .
مەي ئىچكەنلىك يامان ئىش ئەمەس ،
ھەقىقىي ئىنسان بولماسلىق يامان .

※ ※

مەيخورنىڭ ئەجەب ئۆلىشى تولا ،
بىراق كۆڭلىنى بەرگەن مەيگىلا .
ئۆلپەتتىن كەچسە كېچەر ، ئۇ لېكىن —
بىر يۇتۇم مەيدىن كەچمەس زادىلا .

※ ※

مەي ئىچىپ ھېچ كىشى تاپىدى پايدا ،
قەرزگە بوغۇلدى بەلكى ھەر ئايدا .
كىمكى ئۇنىڭدىن ئالمىسا ساۋاق ،
پالاكەت باسىدۇ ئۇنى ھەر جايدا .

بەزىلەر مەي بىلەن تولدۇرۇپ جامنى ،
دەيدىكەن :« دورايمەن ئۆمەر ھەييامنى . »
ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئۇرغۇتسا شۇ مەي ،
لېكىن مەن ئالمايمەن مەيدىن ئىلھامنى .

※ ※

ئاقنى قارا دەپ ئېيتمايدۇ تىلىم ،
ھەقنى سۆزلەشكە سادىق چىن دىلىم .
جىنىم پىدادۇر ھەقىقەت ئۈچۈن ،
رازى شۇ يولدا ئاقسىمۇ قېنىم .

※ ※

ئالدانما رەقىب بويۇن قىسقانغا ،
ئالدىنىپ قالساڭ ئالار ئالقانغا .
كەينىگە سېلىپ ئازدۇرۇپ يولدىن ،
دەسسىتەر سېنى چوقۇم قاپقانغا .

※ ※

بەتمەك بولساڭ شېرىن ۋەسلىگە ،
ۋارىسلىق قىل ، پەرھات نەسلىگە .
ئاغنى تېشىپ ئاققۇزغىن كەۋسەر ،
غەيرەت قىلىپ غەيرەت ئۈستىگە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۈگۈنۈڭگە قىلساڭ قانائەت ،
ئەتە قۇچاق ئاچماس سائادەت .
ئەتە ئۈچۈن قىلمىساڭ كۈرەش ،
كەلمەس ئۆزى ھۆزۈر — ھالاۋەت .

※ ※

يالقۇنلۇق ئوت تاۋلايدۇ زەرنى ،
ئۈمىدۋارلىق ياشنىتار ئەرنى .
كىمكى تۆكسە ھالال تەرنى كۆپ ،
شۇ ئالىدۇ تاشتىن گۆھەرنى .

※ ※

بەزىلەر «مەن ئاق» دەيدۇ سۆزىدە .
داغلار تۇرسىمۇ گەرچە يۈزىدە .
باشقىلارغىلا تىكىدۇ توقۇم ،
بولسىمۇ ئۇرغۇن ئىللەت ئۆزىدە .

※ ※

بەزىلەر ئىش قىلار ئەمەلگە قاراپ .
كۈندە مىڭ ئۆزگىرەر شامالغا قاراپ .
ئازغىنا نەپ ئۈچۈن سېتىپ ۋىجدانىنى ،
ئۆمرىنى بىھۇدە قىلىدۇ خاراپ .

ھەر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن كۆپ ئويلان ،
بولغىنى ياخشىدۇر كۆڭلۈڭدە پىلان .
ئات سالساڭ تەۋەككۈل دەرياسىغا گەر ،
ئاقىۋەت يىغلىتار مىڭ بىر پۇشايمان .

※ ※

تەلەي سىناپ يۈرسەڭ ئىش قىلماي ،
قالغىنىڭ قالغان بەختلىك بولماي .
ئېچىلار شەكسىز بەختىڭنىڭ گۈلى ،
تەر تۆككەندىلا پەقەت ئار ئالماي .

※ ※

بەخت ھەرگىز چۈشمەس ئاسماندىن ،
ئۇ تۇغۇلار ئەجىردىن — قاندىن .
بەخت ئۈچۈن كۈرەشمىگەننىڭ ،
بەتتەر ئۆتەر كۈنى ھايۋاندىن .

※ ※

خۇشامەت بەدىلگە تاپقان ئالتۇندىن ،
مىڭ ياخشى بىرتىرىق ئۇنسە ئەجرىڭدىن .
خۇشامەت — پەسكەشلىك كويىغا چۈشمە ،
زەردىن كەچۈەلىكىن كەچمە قەدرىڭدىن !

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەرجايدا ئەزىز مېھنەت سۆيگەن ئەر،
ئۇنى بەختىيار قىلار كۈمۈش تەر.
ھورۇن خار ئىرۇر، ئۆز يۇرتىدىمۇ—
تېپىلماس ئاڭا باش تىققۇدەك يەر.

※ ※

بەزىلەر باي بولار ئەجەپ بەك ئاسان،
ھالالغا ھارامنى قوشۇپ ھەر قاچان.
يوقىلىپ كۆپۈكتەك ئەجىرسىز بايلىق،
ئاقىۋەت قىلدۇرار مىڭبىر پۇشايمان.

※ ※

گەپنى ئاز قىلىپ ئىشقا ئالدىرا،
ئەل خىزمىتىگە يارىماي قالما.
تۇسسا ئالدىڭنى مۈشكۈل ۋە خەتەر،
چېكىنمە ھەرگىز باس ھامان ئالغا.

※ ※

بەزىلەر ئۇچۇشنى قىلىدۇ مەقسەت،
ۋەلېكىن ئويلىماس چۈشۈشنى پەقەت.
ئۇنداقلار تاپمىسا ئەقلىنى ئەگەر،
كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتەلمەس ئەبەت.

شۇنداقلار باركى قىلنى قىرىق يارار ،
ئىشگەدىن قۇسۇر تېپىشقا خۇشتار .
ساناپ ئۆزىنى سىغىزخاندىن ساق ،
ئۇقسانلىرىنى يېپىشقا خۇشتار .

※ ※

قارنى يامان توپار يېمەككە ،
لېكىن كۆزى تويماس ئەبەدكە .
تويمىسا كۆزى نەپسى يامانىڭ ،
تويار تۇپراققا — كىرسە لەھەتكە .

※ ※

ئادەمنى ئاچچىق سۆرەر لەھەتكە ،
ئۇ ساڭا تىنچلىق بەرمەس ئەبەدكە .
غەزەپنى يۇتساڭ ،ئاچچىقنى يەڭسەڭ ،
ئەگە بولسەن دوستقا ، ئۇلپەتكە .

※ ※

بىر قەدەمنى باسساڭ گەر خاتا ،
كەلتۈرەر ئۇ ساڭا كۆپ جاپا .
ئىشىڭ ھەرگىز ئورنىغا كەلمەس ،
قىلساڭ ئۆزۈڭ — ئۆزۈڭگە تاپا .

كۈمۈتا ئۆزى كىچىك بىر نەرسە ،
قىلار ئاۋارە كۆزۈڭگە كىرسە .
سەل قارىما دۈشمەنگە ھەرگىز ،
كۈچۈكلىنىپ ئالدىڭغا كەلسە .

※ ※

ئۆچرىساڭ رەقىبىڭ قارغىشىغا سەن ،
مەردانە ياشىغىن ،قىلمىغىن پەسەنت .
ھەر باسقان ئىزىڭدىن گۈللەر ئۈندۈرۈپ ،
خەلقىڭنى خۇش قىلساڭ بەخت شۇ ، ئىشەن .

※ ※

كىشى ئۈچۈن ئۆياتلىق بىر ئىش ،
بىلمىگەننى بىلمەن دېيىش .
قىلسىمۇ گەر قانچە ئۈستىلىق ،
ھامان چىنىپ قالار ساختا ئىش .

※ ※

مەندەبار تالانت ھەم ئىقتىدار دەيسەن ،
كېلەچەك ئۈمىدى ماڭا يار دەيسەن .
شۇنداقكەن ،قېنى ئۆتۈھېپەڭدىسەم مەن ،
يولۇمدا تۈمەن مىڭ توسۇق باردەيسەن .

ياشساڭ ئەگەر ئەجىر — مېھنەتسىز ،
قالدۇرار ھايات سېنى جاۋابسىز .
ئەلگە ئاز — تولا يەتكۈزمىسەڭ نەپ ،
ئالەمدىن جەزمەن كېتىسەن ئىزسىز .

* *

توخۇنى باقساڭ تۇغىدۇ تۇخۇم ،
ھەممىگە ئايان بۇ ئاددىي ئۇقۇم .
نىمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن ،
ئەجرىڭ بىكارغا كەتمەيدۇ چوقۇم .

* *

بەزىلەر سورۇيدۇ كونا سامانىنى ،
تىللايدۇ پەرق ئەتمەي ياخشى — يامانىنى .
تۆكسە كىم چاياندەك تىلىدىن زەھەر ،
ئەل دەيدۇ :كۆردۈڭمۇ جاھىل نادانىنى . . .

* *

ھاياتتا مۇستەقىل ياشاش — سائادەت ،
تايىنىپ جان باقساڭ ياغار پالاكەت .
يول بىلسەڭ سەن ئېزىپ قالمايسەن چۆلدە
يول بەرسەڭ يول بېرەر ساڭا داۋامەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەسەتخور كۆڭلىدە تىلەيدۇ ھامان:
باشقىلارگۇم بولسا مەن قالسام ئامان.
ۋە لېكىن ئۇ ئامان قالماس دۇنيادا،
ئەس بېسىپ ئەپرەتكە كۆمۈلەر ھامان.

※ ※

قاچىسەن يىراق، قىل دېسە ئەمگەك،
ئىچىلدۇرمايسەن ئەجرىڭدىن چېچەك.
ئەل تىككەن كۆچەت بەرگەندە مېۋە،
ھەممىدىن بۇرۇن ئاچىسەن ئېتەك.

※ ※

كىچىك بىلىقنى يەيدۇ چوڭ بېلىق،
گېلىدىن ئۆتىدۇ ئۆنىڭ سىلىق.
ئەسلىداش تۇرۇپ بىرىنى بىرى
يۇتۇپ كېتىشى بۇ قانداق قىلىق؟!

※ ※

چىش كۆرسەتسە، ئەمەس «كۈلگىنى»،
ئۇ، يولۋاسنىڭ خىرىس قىلغىنى.
ئالدانمىغىن دۈشمەن ھىجايسا —
ئۇدۇر ساڭا قايقان قۇرغىنى.

تۇرمۇش مۇرەككەپ ، چۈشەنمىكىڭ تەس ،
چىگىشلەر تولا ، ئاسان يېشىلمەس .
ئۇنىڭ سىرىنى بىلمەن دېسەڭ ،
بىلىم ۋە ئەقىل بىلەن ئۇنى يەش !

※ ※

ئىنسانىنىڭ كۆڭلى بولسا گەر ئاسمان ،
ھەسەت گوياكى بىر قارا تۇمان.
ئۆمۈر باھارىم ياشنىسۇن دېسەڭ ،
ئۇنى ھەسەتتىن خالىي قىل ھامان .

※ ※

تىنىمسىز سوقۇپ تالمايسەن يۈرەك !
دەقىقە ئارام ئالمايسەن يۈرەك !
شادلىق — قايغۇغا بېرىپ چىداشلىق ،
سوقۇشتىن توختاپ قالمايسەن يۈرەك !

※ ※

ئىنساندا باردۇر ئوخشاش بىر يۈرەك !
لېكىن ئوخشىماس ئۇندىكى تىلەك .
بىرىدە ياخشى نىيەت ئاچسا گۈل ،
بىرىدىن چىقار چايان بوپ ئۆسەك .

بۇ دۇنياغا ئاق كېلىپ قاراكېتەر بەزىلەر،
ئەڭ قىممەتلىك ھاياتنى زايا ئېتەر بەزىلەر.
سەۋەب شۇكى، ئالىيىپ باشقىلارنىڭ بەختىگە،
ھەسەت بىلەن يۈرىكى يارا كېتەر بەزىلەر.

* *

تەننىڭ ساقلىقى شاھلىقتىن ئارتۇق،
قىلالماس ئۇنى ھېچكىشى تارتۇق.
يېتىدۇ ھەر كىم ئۇنىڭ قەدرىگە،
يېگانە ھەمراھ بولغاندا ياستۇق.

* *

بەزىلەر ھاتەمدەك سانار ئۆزىنى،
ئادەم دەپ قارىماس ھەرگىز ئۆزگىنى.
ئۆكتەملىك، مەنمەنلىك بەك يامان ئىللەت،
ئۇ ھامان ئادەمنىڭ تۆكەر يۈزىنى.

* *

جان كەتسىمۇ يالغان سۆزلىمە،
يالغاندىن ئەپ ئالسەن دېمە.
ئۇنداقتا سەن بولارسەن ھالاك،
دولقۇندا غەرق بولغاندەك كېمە.

سەممي بولساڭ تاپتىڭ ئېتبار ،
ساختىلىق قىلساڭ يولۇڭ بولۇر تار .
تىكەن ئېرىماي گۈللەر ئۈندۈرگىن ،
ئۆمرۈڭدە ئەگەر بولماي دېسەڭ خار .

* *

ئۆزىچە گۆرەگلەپ دەيدۇ بىر نادان :
« پۇلۇم جىق ، شاھانە ياشايمەن ھامان . »
مەن دەيمەن : « قانچىلىك پۇل تاپقان بىلەن ،
مەنىۋى گادايلىق ھەممىدىن يامان . »

* *

تەخسىكەش ،خۇشامەت تەخسەگنى چاققىن ،
يىگىدىن ،ئادەم بول ،دەۋرانغا باققىن .
ئەل مېھرى گويا كى بىر ئەزىم دەريا ،
ئۇنىڭدا بەھۇزۇر بېلىقتەك ئاققىن .

* *

تۇپتۇز ئەمەس ھاياتنىڭ يولى ،
باردۇر ئۇنىڭ ئوڭى ۋە سولى .
ماڭساڭ ئاغماي ئۇيان — بۇيانغا ،
ئېچىلغۇسى بەختىڭنىڭ گۈلى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باسىمۇ گەر سېنى توھمەت — ۋەھىمە ،
دېمىگىن سەن ئۇنى يېڭىلمەس دىۋە .
ئىلكىڭدە ھەقىقەت قورالى بولسا ،
جەڭگە چۈش ، ئارتۇقچە قورقۇپ غەم يېمە .

※ ※

مەن بىر تال قىزىلگۈل چوغدەك پارقىراق ،
ئېلىمگە ،دوستلارغا چاچىمەن پۇراق .
تىكىنىم گوياكى خەنجەر — ئوق بولۇپ —
قادىلار دۈشمەنلەر باغرىغا ھەر ۋاق .

※ ※

مېھنەتتىن ئېچىلدى بەختىمنىڭ گۈلى ،
مېھنەتتىن چىڭىدى ھاياتىم ئۇلى .
ياشىسام كۆپايە ئۆز ئەجرىم بىلەن ،
شۇ ئىكەن تۇرمۇشنىڭ بىردىنبىر يولى .

※ ※

ياماندىن تەپتارتىپ قورقۇپ كەتمەيمەن ،
ياۋاشنى ياۋاش دەپ بوزەك ئەتمەيمەن .
ياخشىغا يۆلەك بوپ تارتسامۇ زىيان ،
كۆڭلۈمدە قىلچىلىك ھەسرەت چەكمەيمەن .

بەزىلەر مېنى دەيدىكەن «بېخىل»،
بۇنى ھەر قاچان قىلمىشىمدىن بىل.
رازىمەن كەتسە مەردكە بارلىقىم،
نامەردكە ھەرگىز ئۆتكۈزمەيمەن قىل.

※ ※

سىر دېگەن قەلبىڭگە — ۋىجدانىڭغا خاس،
بىراۋغا ئېيتما، ئۇ — ئارمىنىڭغا خاس.
شۇ سىرنى سەن ساقلاپ قالالمساڭ يار،
بىل زىنھار باشقىلار ساقلاپ قالالماس.

※ ※

سىرىڭنى ساقلىغىن ئۆگۈپ كەتمىسۇن،
سۈيىقەست ئوتىدا كۆيۈپ كەتمىسۇن.
تىلەيمەن! سىر ساقلا، دۈشمەندىن زۇلۇم،
دوستلاردىن كۆتمىگەن ئازار يەتمىسۇن.

※ ※

سىرىڭنى بەرمىگىن نازغا، كۈلكىگە،
ئالدىڭدا ھىجايغان مەككار تۈلكىگە.
بەزىلەر سىر ئېلىپ ئاندىن جان ئالار،
جان بېرىپ سىر بەرمەي يەت يار ۋەسلىگە.

ۋاپادار كىشىنى بېشىڭدا كۆتەر،
ۋاپاسىز ئادەمدىن ئەيلىگىن ھەزەر.
ۋاپادار چاڭقىغان — ئۇسسىغان چاغدا،
ئەل كۆڭلى — دەريادىن قېنىپ سۇ ئىچەر.

※ ※

باركى ھەر كىشىدە ئوخشىماس نۇقسان،
نۇقساندىن ھېچ خالىي بولالماس ئىنسان.
ئۆزىنى بىلگەنلەر ئالەمنى بىلەر،
ھەممىدىن ئۆزىنى بىلمىگەن يامان.

※ ※

كۆچەت تىككىن باغ بولسۇن ئېتىز،
قالدۇر ئەلدە ئەجرىڭدىن بىر ئىز.
يادلار سىنى ۋەتەنداشلىرىڭ،
تەگكەن چاغدا مېۋىگە ئېغىز.

※ ※

سۈيىقەستچىدىن قاچقىن سەن يىراق،
ھوشيار بول ھىيلە — مىكرىدىن ھەر ۋاق.
چۈشۈپ قالساڭ گەر ئۇنىڭ دامىغا،
تېگەر تۈيۈقسىز بېشىڭغا تاياق.

شەخسيەتچىلىك ئىللەتتۇر يامان ،
نەپسىڭگە گەر ئۇ بولسا ھۆكۈمران .
ھەر قەدەمدە مىڭ بېسىپ پالاكەت ،
ئاقىۋەت ئۆزۈڭ بولارسەن گۇمران .

※ ※

ئىغ جاراھىتىنى ساقايتار دوختۇر ،
ئاڭا ئۇنۇملۇك دورىسى كۆپتۇر .
ساقايتالماس ئۇ دىل يارىسىنى ،
ھېچبىر چارە — ئامالى يوقتۇر .

※ ※

جانان چىندەك نازۇكتۇر كۆڭۈل ،
قاشتېشى كەبى سۇزۇكتۇر كۆڭۈل .
قويۇپ ئالدىدا ئاغدەك ئالتۇنىنى ،
قالغان كۆڭۈلنى خۇش قىلماق مۇشكۈل .

※ ※

ئادەمنى بىلمەك تەس سىرتىغا قاراپ ،
ۋەياكى «تالانتى» ، «دىتى» غا قاراپ .
كۆزەتكىن ئەخلاقى — پەزىلىتىنى ،
ئەمەلىي ھەرىكىتى — ئىشىغا قاراپ .

ياخشى ئىش قىلغىن كۆرسىتىپ ھىممەت ،
تاپقان پۇلۇڭنى شۇ يولدا ئىشلەت .
مەكتەپ بىنا قىل ، يول ، كۆۋرۈك ياسا ،
بولسۇن ساڭا يار يېپىڭى خىسلەت .

⁂ ⁂

چوڭ ئىش كەلمىسە قولۇڭدىن پەقەت ،
يولدا پۇتلاشقان تاشنى يۆتكىۋەت .
ئەۋلادلار سەندىن بولىدۇ خۇشال
تىكىپ قويساڭ گەر بىرەر تال كۆچەت .

⁂ ⁂

ئاقكۆڭۈل بولسام بەرمىدىڭ ئارام ،
قاتتىق قول بولسام دېدىڭ سەن :« قارام » .
بىخۇد تۇرغاندا ئۇردۇڭسەن خەنجەر ،
قاچان ساقىيار دىلدىكى يارام .

⁂ ⁂

« ئۆزۈڭ ئويدانسەن ، سىنىڭدۇر ئالەم »
بۇ سۆزدىن ۋاقىپ ، ھەننىۋا ئادەم .
ئۆزۈڭ ئەسكى سەن قەيەرگە بارساڭ ،
سېنى كۈتكىنى غەم — قايغۇ ، ماتەم .

ياخشى ئىشلارنىڭ چوڭ — كىچىكى يوق ،
قايسىنى قىلساڭ كىلەر شان ، ئۆتۈق .
تامچە سۈدىنمۇ قۇياش نۇرىنى ،
كۆرۈش مۇمكىنغۇ ، بۇنى چۈشەن ، ئۇق !

※ ※

هوسۇل كىمەيسە ئارتمىغىن يەرگە ،
باغلىق چىكەڭدىن توكۆلگەن تەرگە .
يەر بىرەر ئالتۇن داننى پاتمانلاپ ،
جاپانى يىگىپ ئىشلىگەن ئەرگە .

※ ※

كىتابتەك ياخشى — دوست يوق ئالەمدە ،
بىلەر هەر كىشى ئوقۇپ كۆرگەندە .
ئەقىل ، يەزىلەت نۇرى چاقنايدۇ ،
ئۇنى دوست تۇتقان هەر بىر ئادەمدە .

※ ※

تەكەببۇربولمىغىن زىنهار ،تەكەببۇرلۇق يامان ئىللەت ،
كىشىنى ئىلمساڭ كۆزگە ياغار ئەلدىن ساڭا نەپرەت .
« ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى »دەپ ئۆزۈڭنى چاغلىساڭ ئۈستۈن ،
سىنى دىلدىن قەدىرلەپ كىم قىلۇر هەردائىما ئىززەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەمەننا غا ئەسىر بولماي ھەمىشە ئەلگە قىل خىزمەت ،
كېلۇر تۆككەن ھالال تەردىن ۋەتەن – خەلقىڭگە شان – شۆھرەت .
بېشىڭگە يەتسىمۇ كۆككە ئۆزۈڭنى كەمتەرىن تۇتقىن ،
ئۇلۇغلۇق كەمتەرىنلىكتە ، كۆرەڭلىكتىن كېلۇر ھەسرەت .

※ ※

دىلىمدا ھاياتقا بولغاچ مۇھەببەت ،
كەچمىدىم ئۇنىڭدىن تارتسام مۇشەققەت .
ياماندىن كۆڭلۈمگە يەتسىمۇ ئازار ،
ۋەلېكىن ياخشىلار يەتكۈزدى شەپقەت .

※ ※

يار بولسۇن ساڭا ئىلىم ، پەزىلەت ،
ئۇندىن ئايرىلساڭ نەس باسار ئەبەد .
ئاشار ئىنساننىڭ قەدىر – قىممىتى ،
ئەلگە كەلتۈرگەن تۆھپىدىن پەقەت .

※ ※

ئۆتكىن ئەل بىلەن بىر ئۆمۈر ئىناق ،
ئايرىلساڭ چىقار ئىشىڭدىن چاتاق .
پىدا ئەيلىسەڭ ئەل ئۈچۈن جانىنى ،
ئىقبال دىلبىرى ئاچار كەڭ قۇچاق .

بەزىلەر «ياخشى» دەپ ماختايدۇ سېنى ،
بەزىلەر «يامان» دەپ قارغايدۇ سېنى .
مەيلى كىم ماختىسۇن ياكى قارغىسۇن ،
ھېسابتۇر ئاۋامنىڭ باھا بەرگىنى .

※ ※

كۆڭلۈمگە مېنىڭ سىغار كەڭ جاھان ،
سىغماس ۋە لېكىن زەررىچە نۇقسان .
پاك ياشاپ ئۆتسەم دەيمەن ئالەمدىن ،
بەرسەم رازىمەن پاكلىق ئۈچۈن جان .

※ ※

سەن بىخۇد بولمىغىن «دۈشمىنىم يوق» دەپ ،
سىرىڭنى ئېيتمىغىن كۆرگەنگە سۆزلەپ .
دوستلىرىڭ ئىچىدە دۈشمىنىڭ پىنھان ،
ئوقيانى بەتلىگەن بەختىڭنى كۆزلەپ .

※ ※

نامەرد ھەر قاچان ساختا ئىش قىلار ،
يالغاننى راست دەپ دىلنى غەش قىلار .
قىلدەك ئىش قىلسا پىلدەك كۆرسىتىپ ،
كۆرەڭلەپ ئۇنى دائىم پەش قىلار .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تور ئادرېسى

دوستلۇق بايىدا كۆرسىتىپ ئۈلگە ،
ئۆملۈك بىغىنى پۈركىگىن گۈلگە .
بىرلىك بوزۇلۇپ ، كۆپەيسە ئىغوا ،
گۈلشەن ۋەتىنىڭ ئايلىنار چۆلگە .

※ ※

ياخشىلىق قىلىش مەردلەرنىڭ ئىشى ،
يامانلىق ئۆزى نامەرد قىلمىشى .
نامەردلەر ئۈچۈن كەتمەن چاپقاننىڭ ،
ئاقىۋەت بىر كۈن يىرىلار بېشى .

※ ※

ياشايدۇ بەزىلەر ئالداپ — ئالدىنىپ ،
چىقىدۇ ئارىدىن مەردلەر تاللىنىپ .
ئۆزىنى پەدازلاپ پەرى كۆرسەتكەن ،
بەتنىيەت شەيتانلار كېتەر شاللىنىپ .

※ ※

ئەللىك يىل كۆزەتتىم ئەلنى ، ھاياتنى ،
ھەم بىلىپ چىقتىممەن تۇغقاننى —ياتنى .
ياخشىكەن سىرداشىياتبەزى تۇغقاندىن —
چەككۈزگەن ئاقشىتىپ ئاھۇ — پەريادنى .

تەدبىرلىك بولساڭ كەڭ بولۇر يولۇڭ ،
ئۇزاتساڭ يېتەر كۆككىمۇ قولۇڭ .
تەدبىرىڭ كۈچلۈك بولمىسا سىنىڭ ،
تەقدىرىڭ بېغىدا ئېچىلماس گۈلۈڭ .

※ ※

مېھنەت — ئەجرىڭدىن يارات مول نېمەت ،
ئۇنى تامچە بىل قىلمىغىن مىننەت .
ئەل ئۈمىدىنى ئاچقۇزساڭ چېچەك ،
شۇنىڭغا لايىق تاپارسەن ھۆرمەت .

※ ※

سەن بۇ ئالەمگە بىردەملىك مېھمان ،
بولسۇن كۆڭلۈڭ ئاق ، كەڭ ۋە بىپايان .
شاھلىق تاجىنى كىيسەڭ مۇبادا ،
تەڭ كۆر ئۆزۈڭنى ئەل بىلەن ھامان .

※ ※

قۇياش نۇرىنى توسالماس تۇمان ،
چېنىپ قالىدۇ ساختىلىق ھامان .
تۇمان ۋە ساختىلىق بولسا تۇمارىڭ ،
بولارسەن شەكسىز يەر بىلەن يەكسان .

دوستۇم ، دۇنيانى بىلگىنىڭ ياخشى ،
يىغلاپ يۈرگەندىن كۈلگىنىڭ ياخشى .
ئۆزارتىدۇ ئۆمۈرنى شادلىق ،
ھەسرەت چەككىچە ئۆلگىنىڭ ياخشى .

⁂ ⁂

ۋەتەندۇر ماڭا چوڭ يۆلەنچۈك تاغ ،
قۇچىقى جەننەت گۈزەل گۈلشەن باغ .
بۇلبۇلى بولۇپ ئۇنىڭ خۇش ئاۋاز ،
ناۋا قىلىمەن بىغىدا ھەر چاغ .

⁂ ⁂

ياخشىنى ئۆلگە قىلىمەن ھەر ۋاق ،
ياماندىن ھەر قاچان قاچىمەن يىراق .
بوزەك قىلمايمەن ، بوزەك بولمايمەن ،
ئەزەلدىن ياشاش لوگىكام شۇنداق .

⁂ ⁂

ئادەمنى ئۆلچەشتە نىپىتىگە باق ،
پاكى ئەخلاقى — خىسلىتىگە باق .
باقمىغىن ھەرگىز چىرىگە ئۇنىڭ ،
باسقان قەدىمى — ھەرىكىتىگە باق .



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

* *

ھەر جايدا ئەزىز سەممي كىشى ،
ئەلگە يارايدۇ ئۇنىڭ ھەر ئىشى .
تاغدەك مۇشكىلات باسسىمۇ ئۇنى ،
تۆكۈلمەس قىلچە كۆزىدىن يېشى .

* *

دوستۇم سۆزلەپ يۈرسەڭ ھەر كىمگە ،
سىرىڭ بېرىپ يەتسە دۈشمەنگە .
گەرچە ئۆزۈڭ تۇرساڭمۇ تىرىك ،
باراۋەرسەن گويا ئۆلگەنگە .

* *

مۇھەببەتسىز سوقمايدۇ يۈرەك ،
مۇھەببەتسىز بولمايدۇ تىلەك .
مۇھەببەتكە ساداقەت لازىم ،
ئېچىلمايدۇ ئۇنىڭسىز چېچەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

责任编辑:巴里江·扎帕尔
封面设计:加拉利丁·巴合拉木
责任校对:伊力亚斯·热依迷

# 柔巴依集(维吾尔文)

阿布都萨马特·海利力著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市建中路 54 号 邮政编码 830001)
新疆新华书店发行新疆维吾尔自治区党委印刷厂印刷
787×1092 毫米 36 开本 1.625 印张
1993 年 10 月第 1 版 1993 年 10 月第 1 次印刷
印数:1——3.900

ISBN7—228—02483—4/I.867 定价:0.55 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى : بارىجان زەپەر
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل كوررېكتورى : ئىلياس رەھمى

رۇبائىلار

ئابدۇسەمەت خېلىل

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №51)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ پارتكوم باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092 × 787م م 1/36 باسما تاۋىقى : 1.625
1993 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1993 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرا ژى : 3.900 - - 1
ISBN7 — 228 — 02483 — 4/I. 867
باھاسى : 0.55 يۈەن